10 ـ قىسىم

# ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

# ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئاساسى

ئىسلام بىر خىل ئىجتىمائى ـ سىياسى تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ روھى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر ساھەسىگە چېتىلغان، ئۇلارنى مۇئەييەن قېلىپ ۋە قۇرۇلما بىلەن تەمىنلىگەن. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسى قانۇنى چوقۇم قۇرئاندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە جەمئىيەتنى تەشكىللەشنىڭ ئاساسى قورالى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى كونترول قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ مەيلى قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ياكى سوت ئىشلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامى تۈس ئالغان بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى پەيغەمبىرى بىلەن ۋاكالەتچىسىگە مۇتلەق بويسۇنىشى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشى، ھەمدە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك، بۇ ئىسلامچە ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ خىل جەمئىيەتنى قۇرئان ۋە مۇھەممەت بىكىتكەن قانۇن ـ نىزاملار كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

**قۇرئاندىكى تەلىملەر**

• ئاللانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشى، مۇھەممەتنى ئاللانىڭ قانۇنىغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلغۇزۇش ئۈچۈندۇر. (قۇرئان 4:105 ، 5:49،50 ، 6:114)

• ئاللا يەر يۈزىدە چوقۇم بىر ۋاكالەتچىسىنى تۇرغۇزىدۇ. (قۇرئان 2:30)

• مۇسۇلمانلار ئۆز ئىچىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەتنى چاقىرىپ ھۆكۈم قىلغۇزۇشى، ھەمدە قىلغان ھۆكۈمگە قارىتا كۆڭلىدە ھېچقانداق غۇم بولماسلىقى كېرەك. (قۇرئان 4:65)

• ئاللا ۋە مۇھەممەت مەلۇم بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، مۇسۇلمانلاردا ئۇنىڭغا قارىتا تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللا ۋە مۇھەممەتكە بويسۇنمايدىكەن، ئۇلار ئازغۇچىدۇر. (قۇرئان 33:36)

• مۇسۇلمانلار ئاللا ۋە مۇھەممەتنىڭ چىقارغان قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك، ئەگەر ئەمەل قىلمىسا، دوزاققا كىرىدۇ. (قۇرئان 4:13،14)

• مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلىنىدۇ. (قۇرئان 42:38)

• ئىسلامدا مۇھەممەتكە بويسۇنغانلىق ئاللاغا بويسۇنغان بىلەن باراۋەر، مۇھەممەتكە

قارشى تۇرغانلىق ئاللاغا قارشى تۇرغان بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

- كىم مۇھەممەتكە بويسۇنسا، ئۇ ئاللاغا بويسۇنغان بولىدۇ. (قۇرئان 4:80)

- مۇھەممەتكە قارشى تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ يولىدا ماڭمىغان ئادەم دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 4:115)

- ئىسلامىيەت دۇنياسىدا، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ قائىدە-نىزام ۋە تەلەپلىرى ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ساھەلىرىگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر يېڭى زىمىننى ئىگەللىگەندىن كېيىن، يەرلىك مەدىنىيەتنى ئۇزۇل-كېسىل ۋە تېز سۈرئەتتە يوقىتىۋېتىشكە، ھەمدە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدىنىيتى، ھەتتا تىلىدىن تارتىپ مەجبۇرى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىسلام دىنى شەخسي چوقۇنۇش، جەمىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يادرۇسىغا ئايلىنىپ، ئائىلە، قەبىلە ۋە جەمىيەت بىلەن چىرمىشىپ كېتىدۇ.

- ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشى بولۇپ، پەقەت ئۇلارغا ئاللانىڭ قانۇنى بىلىملىرىنى (شەرىئەتنى) ئۆگەتسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە قىيامەتتىكى سوراقتا ئۇنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ دېيىلىدۇ. لېكىن ئەمىلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى- ھاكىمىيەت كۆرىشى، مەزھەپلەر ئوتتورىسىدىكى ئۇرۇش-جېدەل ۋە قان تۆكۈشلەر، مۇستەبىتلىك ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ئاياللارنى خارلاش، زوراۋانلىق بىلەن ئاجىز خەلقلەرنى بېسىۋېلىش قاتارلىقلار، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەينەتچىلىك، ئاجىزلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىكنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ.

**مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر**

- پەقەت ئەيسا مەسىھلا ئىنسان قەلبىنى تەبىئەتتىن ھالقىغان ئالاھىدە زور كۈچ-قۇدرەت بىلەن ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ قەلبىنى پۈتۈنلەي پاكلاپ ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى پەقەت خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. (زەكارىيا 4:6)

- ئەڭ ياخشى قانۇنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمىيەت تەرتىپىنى بەرپا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت ئادەملەرگە نىمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ (رىملىقلار 3:20)؛ ئىنساننىڭ جىسمانى تېنى ئاجىزدۇر (رىملىقلار 8:3)؛ چۈشكۈنلەشكەن ئىسان تەبىئىتى خۇدانىڭ ھەققانىيىتىنىڭ مۇكەممەللىك تەلىپىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. تاكى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ، خۇدانىڭ ئۆزى دۇنيانى

ئىدارە قىلمىغىچە، ئىنسانلار ھەرگىزمۇ ھەققانىي ۋە ئادىل بولغان مۇكەممەل جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ.

• ئەيسا مەسىھ: خۇدانىڭ دۆلىتى بىلەن رىم ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ دۆلىتىنى ئايرىغىلار - دىگەن (مەتتا 22،21:22 ، ماركوس 12:17). بۇ «دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىش تۈزۈمى» نىڭ ئاساسىدۇر.

• مەسىھىيلەر يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئەرشنىڭ پۇقرالىدۇر. (فىلىپىلىكلەر 3:20)

• مەسىھىيلەر پەقەت ئۆزىنىڭ دىنداشلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقلەر ئۈچۈن تىنىچ-ئامانلىق ۋە بەخت تىلىشى كېرەك، جۈملىدىن ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. (تىموتىI 2:1،2)

• ھەممە ئادەم ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلارغا (ھۆكۈمەتكە) بويسۇنىشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت خۇدانىڭ روخسىتىسىز بارلىققا كېلەلمەيدۇ. (رىملىقلار 13:1)

## **شەرىئەت** (ئىسلام قانۇنى)

### قۇرئاندىكى بىر قىسىم بەلگىلىمىلەر

• مۇسۇلمانلار بىر قىسىم مال-مۈلكى بىلەن ئۇرۇق-تۇققانلىرى، يېتىم باللار ۋە نامراتلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 4:8)

• مىراس توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر (قۇرئان 4:11،12)

• ئەگەر ئەر-ئايال ئىناق ئۆتەلمەي ئايرىلىپ كەتمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ بېقىش كېرەك. (قۇرئان 4:35،128)

• ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئەگەر مال-مۈلكى بولسا، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس ئايرىپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 2:180)

• تىجارەتتىكى تارازا ئادىل بولۇش كېرەك. (قۇرئان 6:152)

• قەرز، ئېلىم-سېتىم ۋە سودا توختاملىرىدا سەممىي بولۇش كېرەك. (قۇرئان 2:282)

• سودا-سېتىق قىلىشقا يول قويىلىدۇ. (قۇرئان 2:275)

• ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ھەققىنى يەيدۇ. (قۇرئان 53:39)

• زىنا قىلغان ئەر ۋە ئايالنى يۈز قامچىدىن ئۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 24:2)

• ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلغانلار، ئەگەر تۆت گۇۋاھچىنى تارتىپ چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 18 قامچا ئۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 24:4)

• ھاراق ۋە قىمار ھارامدۇر، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 2:219 ، 5:90)

• ئوغۇرلۇق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 5:38)

• قاتىللىق دېلولىرىدا قانغا قان، جانغا جان ئېلىش بەلگىلەنگەن. ئەمما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇققانلىرى قوشۇلسا، پۇل ئېلىپ بەدەل تۆلىسىمۇ بولىدۇ. (قۇرئان 2:178)

• ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە قارشى تۇرۇپ قالايمىقانچىلىق تېرىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇلار كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ، ياكى پۇت-قوللىرى كېسىلىدۇ، ياكى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. (قۇرئان 5:33)

• ئاللا شەھەرلەردىكى دۈشمەنلەردىن تارتىۋېلىپ مۇھەممەتكە بەرگەن مال-مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇققانلىرىغا، ھەمدە يېتىم-يېسىر، يوقسۇل، مۇساپىرلارغا تەئەللۇقتۇر. (قۇرئان 59:7)

• قۇرئاندا ئۆسۈملۈك قەرز (جازانە) توغرىسىدىكى تەلىم تۆت قېتىم «ۋەھى» قىلىنغان.

○ سىلەر جازانە يېيىش ئۈچۈن قەرز بەرگەن پۇلنى باشقىلار ئارقىلىق كۆپەيسەڭلار، لېكىن ئۇ ئاللانىڭ ئالدىدا كۆپەيمەيدۇ. بىراق ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بەرگەن زاكات پۇلۇڭلار ھەسسىلەپ قايتۇرىلىدۇ. (قۇرئان 30:39)

- بۇ ئايەتتە باشقىلارغا ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش چەكلەنمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ئورنىغا زاكات بېرىشنىڭ ئاللانى خۇرسەن قىلىدىغانلىقى ۋە ھەسسىلەپ پايدا ئالالايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

○ ئاللا يەھۇدىلارنى بۇرۇن يېيىشكە يول قويغان نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەردىن چەكلىۋەتكەن، چۈنكى ئۇلار جازانە يەپ چەكلەنگەن ئىشنى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلغان. (قۇرئان 161،160:4)

- بۇ ئايەت «چەكلەنگەن» دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما ئۆسۈملۈك قەرزنى چەكلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارمىغان.

o مۇسۇلمانلار ھەسسىلىنىپ كەتكەن جازانىنى يىمەڭلار. (قۇرئان 3:130)

- بۇ ئايەتتە نەچچە ھەسسە قاتلىنىپ كەتكەن يوقىرى ئۆسۈمنى يىمەڭلار دېيىلگەن، ئەمما ھەرقانداق ئۆسۈمنى يىسە بولمايدۇ دېيىلمىگەن.

o جازانە يىگەن ئادەم جىن چاپلاشقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئاللا جازانە يېيىشنى چەكلەيدۇ. مۇسۇلمانلار جازانە يېيىشتىن ۋاز كېچىشى كېرەك. بولمىسا ئاللا ۋە مۇھەممەت ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالسۇن. (قۇرئان 279-2:275)

- بۇ ئايەتتە ئۆسۈم يېيىش مۇتلەق چەكلەنگەن.

o ئۆسۈمگە ئائىت تۈزۈمنىڭ بارغانسېرى چېڭىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، مۇھەممەت دەسلەپ مەككىدە دىن تارقاتقاندا، مۇسۇلمانلارنى باشقۇرىدىغان ئەمىلى كۈچى بولمىغاچقا، قانۇن چىقىرالمايتى. ئەمما كېيىن مەدىنىگە بېرىپ ھوقوققا ئىگە بولغاندىن كېيىن پۈتۈن جەمىيەتنى كونترول قىلغان.

o قەرز بېرىپ ئۆسۈم ئالماسلىق ھازىرقى زامان بانكا تۈزىمى بىلەن ماسلاشمايدۇ.

● قۇرئان قانۇن جەھەتتە مۇكەممەل بولمىغاچقا، شەرىئەت قانۇنى كېيىن تولۇقلىنىپ مېڭىلغان. شەرىئەتتە بىر ئادەمنىڭ ئاللاغا، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلىرى بەلگىلەنگەن.

● شەرىئەتكە ئاساسلانغاندا، ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنمەي، ئۇلارغا قارشى گەپ-سۆزلەرنى قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە بولغان مۇئامىلە

ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا، مۇسۇلمان ئەمەسلەر (كاپىرلار) ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا بولۇپ، ئىجتىمائى ئورنى مۇسۇلمانلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىسلامدا ئۇلار توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر بار.

### خەلىپە ئۆمەر قانۇن-نىزاملىرى

● مۇسۇلمان ئەمەسلەر ناھايىتى ئېغىر باج -جىزيە تاپشۇرىشى كېرەك (قۇرئان 9:29)، يەنە يەر بېجىمۇ تاپشۇرىدۇ.

● ئەسكەرلىككە قۇبۇل قىلىنمايدۇ.

● يېڭى ئىبادەتخانىلارنى سېلىشقا بولمايدۇ، پەقەت كونىلىرىنى ئوڭشاپ ئىشلەتسە

بولىدۇ، ئەمما چوڭقايتىشقا بولمايدۇ.

● مەسىھىيلەر چىركاۋنىڭ ياكى ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كىرست ئورناتسا بولمايدۇ.

● ئاشكارا يىغىلىپ دىنى پائالىيەت قىلىشقا بولمايدۇ.

● سالغان ئۆي-ئىمارەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ئېگىز بولسا بولمايدۇ.

● كېيگەن كىيىملىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بولسا بولمايدۇ، ئادەتتە پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەرنى تاقىۋېلىشى كېرەك.

● ئات مىنىشكە بولمايدۇ، پەقەت ئېشەك ۋە خېچىر مىنىشكىلا بولىدۇ.

● ھەرۋاقىت مۇسۇلمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىشى، ئۇلارغا يول بېرىشى، ئورۇن بېرىشى كېرەك.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى:

● مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئېتىقاتىنى تەشۋىق قىلىشقا بولمايدۇ.

● يوقىرى ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا ۋە قىرائەت قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ قالسا بولمايدۇ.

● دىنى كىتاپلىرىنى ئاشكارا سېتىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىلا تارقاتسا بولىدۇ.

● رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژورنال ياكى باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنى مۇراسىملىرىنى خەۋەر قىلسا بولمايدۇ.

● سوتتا بەرگەن گۇۋاھلىقى مۇسۇلمانلارنىڭكى بىلەن باراۋەر ئەمەس.

● ئۆزلىرىنىڭ قورالليرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

● ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا قامىلىپ چەتكە قېقىلىدۇ، سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردە چەكلىنىپ، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ.

## يەنە مۇنداق بەلگىلىمىلەر بار:

● مۇشرىكلار مەسچىت ھەرەمگە يېقىنلاشسا بولمايدۇ. (قۇرئان 9:28)

● ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:283 ، 9:83:50)

● بىراق، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئەمەس ئادەم بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

• قۇرئاندىكى «ئاللا ھەرگىز ئىمانسىزلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن بولۇشقا يول قويمايدۇ» دىگەن ئايەتكە ئاساسەن (قۇرئان 4:141)، بىر شىركەتنىڭ مۇسۇلمان خوجايىنى مۇسۇلمان ئەمەس بىر ئادەمنى شىركەتتىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا باشلىق قىلسا بولمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىززەت-ئابرويى بولمايدۇ (قۇرئان 63:8).

• يەھۇدىلار ۋە مەسىھىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51)

• مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن مۇھەببەتلىششكە بولمايدۇ. (قۇرئان 58:22)

• مۇھەممەت مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرەبىستاندىن قوغلاپ چىقىرۋەتمەكچى بولغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:393)

• مۇسۇلمانلار ئىگەللىگەن رايونلاردا ھۆكۈمەت سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەت جەھەتلەردە بېسىم سېلىش، ئەل ئىچىدىكى ئەسەبى كۈچلەر تەھدىت سېلىش، ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق زوراۋان ۋاستىلەر ئارقىلىق، باشقا دىنى ئېتىقاتتىكىلەرنى ئاساسى جەھەتتىن يوقىتىۋېتىدۇ (ئۇلار يا بېسىمغا چىدىماي ئىسلامغا كىرىدۇ، ياكى كۆچۈپ كېتىدۇ). تارىختا شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن ئوتتورا شەرق ۋە شىمالى ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان دۆلەتلەردە، تېرورلۇق ھوجۇم ۋە زوراۋانلىقلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن مەسىھىلەر (شۇنداقلا مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەر) بۇ رايونلاردىن كۆچۈپ كېتىۋاتماقتا.

## ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرگە بولغان مۇئامىلە

ئەسلى مۇسۇلمان بولۇپ (ھەتتا ئاتا-ئانىسى مۇسۇلمان بولۇپ) كىيىن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلەر، ياكى باشقا دىنلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ كىيىن يېنىۋالغانلار، ئىسلام دىنىدا خائىن، مۇناپىق دەپ ھاقارەتلىنىدۇ.

ئىسلام شەرئىتى يۈرگۈزۈلگەن جايلاردا دىنى ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر تۈرمىگە سولىنىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە دىنى سىستىما بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. دىنى ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتكەنلىك ئاشۇ گەۋدە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىك ۋە ئۇنىڭغا بولغان سادىقلىقنى يوقاتقانلىق بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

## قۇرئاندىكى تەلىملەر

● ئەگەر داداڭلار ياكى ئاكا-ئىنىڭلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈڭلار. (قۇرئان 9:23)

● ئىسلامدىن چىكىنىپ كەتكەنلەر بىلەن دوست بولماڭلار، ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 4:89)

● ئەھدىلىشىپ بولۇپ كېيىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار ۋە ئىسلامغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلەرگە جازا يۈرىشى قىلىڭلار. (قۇرئان 9:12)

● ئاللا مۇھەممەتنى ئىسلامغا كىرىپ كېيىن يېنىۋالغانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ۋە ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇغان. (قۇرئان 9:73،74)

● ئۇلار ئاللا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ، پۈتۈن پەرىشتىلەر ۋە ئىنسانلار ئۇلارنى قارغايدۇ. (قۇرئان 3:86،87)

● ئاللا ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا قەۋمنى تاللايدۇ. (قۇرئان 5:54)

● ئۇلار ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 16:106)

● ئۇلارنىڭ قىلغان تۆۋىلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. (قۇرئان 3:90)

● ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى بۇ دۇنيا ۋە ئۇدۇنيادا پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىزدۇر. ئۇلار مەڭگۈ دوزاقتا قالىدۇ. (قۇرئان 2:217)

## مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى

● ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئىسلامدىن چىكىنىپ، ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:260 ، 9:83:17،37 ، 9:84:57،58،64 ، 9:89:271)

● ئىسلامدىن يېنىپ كەتكەنلەرنى قەيەردە كۆرسەڭلەر، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۆلتۈرگۈچى (قاتىل) قىيامەت كۈنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:84:64)

## شەرىئەتتىكى باشقا بەلگىلىمىلەر

● خەلىپە ئابابەكرى ئىسلامدىن چىقىپ كىتىشنى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش دەپ ھىساپلىغان.

● ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئەرلەرگە ئالدى بىلەن خىزمەت ئىشلەش كىرەك، يەنى تەربىيە قىلىش ياكى تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئامال بار

ئۇلارنى ئىسلامغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش كېرەك، ئەگەر ئۇچ كۈنگىچە قايتمىسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

● ئىسلامدىن يېنىپ كەتكەن ئاياللارنى تۈرمىگە سولاش كېرەك، تاكى ئۇلار ئىسلامغا قايتمىغىچە بىر ئۆمۈر تۈرمىدە ياتىدۇ.

● ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ نىكاھى بىكار بولىدۇ.

هازىرقى مەدىنىيەتلىك دەۋرىمىزدىمۇ شەرىئەتنى يولغا قويۇۋاتقان ئىسلام ئەللىرى ھېلىھەم مەۋجۇد، ھەتتا شەرىئەتنى يولغا قويمىغان ئىسلام ئەللىرىدىمۇ، كۆپىنچە مۇسۇلمانلار ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى يەنىلا ھاقارەتلەيدۇ، چەتكە قاقىدۇ، بېسىم ئىشلىتىدۇ، ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، تەھدىت سالىدۇ، قارغايدۇ، قاماپ قويىدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئۆز جەمەتىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، ئاتا-ئانىسى، جۆرىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىشتىن ھەيدىلىدۇ، خىزمەت تاپمىقى تەس بولىدۇ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويىدۇ، ھەتتا ھۆكۈمەتمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلمايدۇ.

ئىسلامنىڭ مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىقى سەۋەبىدىن، ئىسلام جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر گەرچە ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما يالغاندىن بولسىمۇ مۇسۇلمان بولىۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلەرمۇ كۆپىنچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

● بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ 18-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە، ۋىجدان ۋە دىنى ئەركىنلىك ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ھوقۇق ئادەملەرنىڭ ئۆز دىنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يالغۇز ياكى توپلىشىپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن، ئۆزىنىڭ دىنى ئەقىدىسى، ئەمەلىيىتى، ئىبادىتى ۋە قائىدىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئېتىقادىنى نامايەن قىلىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ.

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر

● ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىش ياكى ئەگەشمەسلىكنى ئەركىن ھالدا قارار قىلىشىغا يول قويىدۇ (يۇھاننا 6:60-68)؛ ئۇ ئۆزىگە ئەگەشمەكچى بولغانلاردىن بۇنىڭ ئۇچۇن تۆلەيدىغان بەدەلنى ۋە جان-دىلى بىلەن ئەگىشەلەمدۇ يوق دىگەننى ياخشى ئويلىنىپ بېقىشنى سورايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،

ئەگەشمىگىنى ياخشى دەپ قارايدۇ (لۇقا 9:57 ـ 62).

● خۇدا ئادەملەرنى ئۆزىگە ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم خۇدادىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولسا، ئۇ ئۆزى ئەركىن قارار قىلسا بولىدۇ. ئەمما خۇدا يەنىلا ئۇ ئادەمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھەرۋاقىت ئۇنىڭ يېنىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ. (لۇقا 15:11 ـ 32)

## ئىسلام دىنى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى پەرقلەر

| No | مەسىھ ئېتىقاتى | ئىسلام دىنى |
|---|---|---|
| 1 | مەسىھ ئېتىقاتىدا «مەسىھ دۆلىتى» دەيدىغان ئۇقۇم يوق. مەسىھىيلەرنىڭ نىشانى پۈتۈن دۇنيانى «مەسىھىيلەشتۈرۈش» مۇ ئەمەس. | ئىسلام دىنىدا «ئىسلام دۆلىتى» دەيدىغان ئۇقۇم بار. مۇسۇلمانلارنىڭ نىشانى پۈتۈن دۇنيانى «ئىسلاملاشتۇرۇش». |
| 2 | مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ مۇھىم نوقتىسى «كرېست» بولۇپ، ئەيسا مەسىھ قۇربان بولۇپ تىرىلگەندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى ئەرشتىكى خۇدانىڭ دۆلىتىگە (جەننەتكە) ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى نامايەن قىلغان. | ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم نوقتىسى «ھىجرەت» بولۇپ، مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان مۇھەممەت سىياسى ھوقۇقنى ئېرىشكەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بىر ئىلاھى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. |
| 3 | ● مەسىھىيلەرنىڭ خۇش خەۋەر تارقىتىشى دىنى «ئىمپېرىيە» قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس. خۇدانىڭ دۆلىتى مەسىھىيلەرنىڭ قەلبىدە ۋە ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىشۋاتقان مەسىھ جامائىتىدە نامايەن بولىدۇ.<br>● مەسىھىيلەر ئەرشنىڭ پۇقرالىرىدۇر. (فىلىپىلىكلەر 3:20)<br>● ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ دۆلىتى | ● ئىسلام دىنى بىر خىل ئىجتىمائى ـ سىياسى تۈزۈلمە بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە مەلۇم بىر روھى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى. ئىسلام قانۇنى (شەرىئەت) دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، جەمىيەتنى تەشكىللەيدىغان ئاساستۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنى بېكىتىدۇ. ھەر بىر |

| | | |
|---|---|---|
| | بىلەن قەيسەرنىڭ (ئادەمنىڭ) دۆلىتىنى ئايرىۋېتىڭلار دېگەن.<br><br>(مەتتا 22:21،22 ، ماركوس 12:17) | مۇسۇلمان ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىلىرىگە مۇتلەق بويسۇنىشى، ئىسلامنىڭ دىنى قائىدە-تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك.<br><br>● ئىسلام دىنى بېسىۋالغان رايونلاردا، يەرلىك مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش شەكلى، ھەتتا مىللى تىل-يېزىق يوقىتىلىپ، مەجبۇرى ئىسلاملاشتۇرىلىدۇ. |
| 4 | ● تەۋرات قانۇنى پەقەتلا ئادەمگە گۇناھنى تونىتىدۇ، ئەمما ئىنسان قەلبىنى ئۆزگەرتىپ گۇناھنى يۇيالمايدۇ. (رىملىقلار 3:20)<br><br>● ئىنساننىڭ جىسمانى تىنى ئاجىزدۇر (رىملىقلار 8:3)، ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنىڭ مۆكەممەللىك تەلىپىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.<br><br>● ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغاندىلا، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىنسانى تەبىئىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ، ھەمدە گۇناھنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزىدۇ.<br><br>● دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار قورال كۈچى ۋە قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق خۇدانىڭ ھاكىمىيىتىنى ياكى غايىۋى بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ.<br><br>● پەقەت ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ دۇنيانى ئىدارە قىلغاندىلا، ئاندىن | ئىسلام دىنىدا ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشى بولۇپ، پەقەت ئۇلارغا ئاللانىڭ قانۇنى بىلىملىرىنى (شەرىئەتنى) ئۆگەتسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە قىيامەتتىكى سوراقتا ئۇنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى-ھاكىمىيەت كۈرىشى، مەزھەپلەر ئارا ئۇرۇش-جېدەل ۋە قان تۆكۈشلەر، مۇستەبىتلىك ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ئاياللارنى خارلاش، زوراۋانلىق بىلەن ئاجىز خەلقلەرنى بېسىۋېلىش قاتارلىقلار، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەينەتچىلىك، ئاجىزلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىكنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| | مۇكەممەل ۋە گۈزەل بولغان غايىۋى جەمىيەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. | |
| 5 | خۇدا مۇۋەپپەققىيەت قازانغان ھېكايىلەر بىلەن مەسىھىيلەرگە ۋەدە قىلىنغان بولۇپ، مەسىھىيلەر چوقۇم ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىشى كېرەك. ئەمما ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقلار پەقەت بۇ ھاياتنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت ئەمەستۇر. | ئىسلام دىنىدا «مۇۋەپپەقىيەت ئىلاھىيەتشۇناسلىقى» غا ئوخشاپ قالىدىغان تەلىملەر بار. يەنى ئاللاغا بويسۇنسىلا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ دېگەندەك. |
| 6 | ئىنجىلدا، زامان ئاخىرىدا ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى مەيدانغا چىقىدۇ، چوڭ بالايى-ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ، شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاندىن ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ دېيىلگەن. | بەزى مۇسۇلمانلار، قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، شەرىئەت قانۇنىنى يولغا قويىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. |